## 5053 ـ ئانامنىڭ مەندىكى ھەققى ۋە مېنىڭ ئانامدىكى ھەققىم نېمىلەردىن ئىبارەت

### سۇئال

مېنىڭ ئاتا-ئانا توغرىسىدا بەزى سوئاللىرىم بار. 1-ئانامنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ھەققى نېمە؟. 2-مېنىڭ ئانامنىڭ ئۈستۈدىكى ھەققىم نېمە؟. 3-ئانامنىڭ مېنى چەكلەش ھوقۇقى بولمىغان، مېنىڭ مۇستەقىل قىلىشىم دۇرۇس بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟. 4-بىرەر ئىشتا دادىنىڭ ئاخىرقى قارارنى بېرىش ۋاقتى قاچان بولىدۇ؟. مەن ئانامنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇ مېنى بەك ھىمايە قىلغانلىقتىن بەزى ۋاقىتتا مەن ئۆزۈمنى باغلاغلىقتەك ھېس قىلىمەن، مەن ئانامنىڭ مېنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن، مەن ھاياتتا بەزى ئەركىنلىكنى خالايمەن بۇنى ئانامغا قانداق بىلدۈرىمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئانىنىڭ پەرزەنتى ئۈستىدىكى ھەققى:

ئانىنىڭ پەرزەنتى ئۈستىدە ئىنتايىن كۆپ ھەق-ھوقۇقلىرى بار، بۇنى ساناپ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن مۇھىم بولغانلىرىنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز:

ئا-ئانىنى ياخشى كۆرۈش ۋە چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەش كېرەك، چۈنكى ئانا ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا لايىقتۇر. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئىنسانلار ئارىسىدا مېنىڭ ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمغا كىم بەك ھەقلىق؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاناڭ، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دېگەنتى: ئاناڭ، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دېگەنتى: يەنە ئاناڭ، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دېگەنتى: داداڭ، دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 5626-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2548-ھەدىس].

ئانىڭىز سىز ئۈچۈن قورسىقىنى تۆشەك قىلدى، كۆكسىنى تۇلۇم قىلدى، ئۇنى ياخشى كۆرۈش لازىمدۇر. توغرا ئاڭ ۋە ساغلام ئەقىل شۇنىڭغا چاقىرىدۇ. بەلكى ئەۋلادلارنىڭ ئانىلىرىنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ئانىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ياخشى كۆرۈشى ئاللاھ بارلىق جانلىقلارنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت قىلغان سۆيگۈ بولۇپ، ئادەم ئەۋلادلىرى بۇنىڭغا بەك لايىق، مۇسۇلمانلار ھەممىدىن ئەڭ ھەقلىقتۇر.

ب_ئانىسىغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۈندۈلۈك تۇرمۇشتىكى ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بولسا پەرزەنتلەرنىڭ زىممىسىدىكى قەرزدۇر. چۈنكى ئانىسى ئۇنىڭغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ كۆڭۈل بۆلدى، كېچىلىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى ۋە ئەزىيەتلىرىگە سەبىر قىلدى. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ إِحْسَانًا ۖ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ كُرْهًا وَوَضَعَتْهُ كُرْهًا تەرجىمىسى: بىز ئىنساننى ئاتا_ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. [سۈرە ئەھقاپ 15-ئايەت].

ئاتا_ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ جىھادقا چىقىش توغرىسىدا رۇخسەت سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىدىن: ئاتا_ئاناڭ ھاياتمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: ھە_ئە دېدى،
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلغىن، دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 2842-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2549-ھەدىس].

ت_ئانىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا ياقتۇرمايدىغان سۆز_ھەرىكەتلەرنى ئاڭلاتماسلىق كېرەك. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: فَلَا تَقُل لَّهُمَا أُفٍّ تەرجىمىسى: ئۇلارغا، ئوھوي! دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن). [سۈرە ئىسرا 23-ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

ئاللاھ تائالا ئاتا_ئانىغا "ئوھۇي" دېگەن سۆزنى قىلىشنىمۇ چەكلىگەن تۇرسا، ئاتا_ئانىسىنى ئۇرغان ۋە دەشنەم قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟!.

س_ئانىسى ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا خىراجەت قىلىپ بېرىدىغان يولدىشى بولمىسا ياكى يولدىشى بولسىمۇ كەمبەغەل بولسا، ئۇنىڭغا خىراجەت قىلىپ بېرىش زۆرۈر بولىدۇ، سالىھ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئانىسىغا خىراجەت قىلىش ۋە كۈندۈلۈك ھاجىتىدىن چىقىش، پەرزەنتلىرىگە خىراجەت قىلىش ۋە يېمەك بېرىشتىن ياخشى دەپ قارىلىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەپەر كىشى سەپەردە كېتىۋاتقاندا يامغۇردا قېلىپ، تاغدىكى بىر ئۆڭكۈرگە كىرىدۇ، ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدىن بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى، ئۇلار ئۆز_ئارا: بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى ۋەسىلە قىلىپ ئاللاھقا دۇئا قىلايلى دېدى. ئۇلاردىن بىرى مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا_ئانام بارئىدى، مەن قوي باققىلى چىقىپ قايتىپ كەلگەندە سۈتنى سېغىپ ئېلىپ كېلىپ ئالدى بىلەن ئاتا_ئانامنى غىزالاندۇرۇپ ئاندىن ئائىلەمدىكى كىچىكلەر، ئايالىم ۋە باشقىلارنى غىزالاندۇراتتىم، بىر كۈنى يايلاقتىن كەچرەك قايتتىم، سۈتنى ئېلىپ كەلسەم ئاتا_ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇلارنى ئويغىتىشنى ياقتۇرمىدىم، باللىرىم پۇتۇمغا ئېسىلىپ ئاچلىقتىن چۇقۇرشىۋاتىدۇ، مەن سۈتنى تۇتۇپ تۇرىۋەردىم ئۇلار ئۇخلاۋەردى، ھەتتا تاڭ يورىدى، ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەپ قىلغانلىقىمنى بىلسەڭ، بىزگە بۇ يەردىن بىر يوچۇق ئېچىپ بەرسەڭ ئۇنىڭدىن ئاسماننى كۆرسەك، دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا كىچىككىنە يوچۇق ئېچىپ بەردى. [بۇخارى رىۋايىتى

2102–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2743–ھەدىس].

ئانىسى ياخشىلىققا بۇيرىسا سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش كېرەك، ئەمما شېرىككە ئوخشاش يامانلىققا بۇيرىسا ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَإِن جَاهَدَاكَ عَلَىٰ أَن تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا ۖ وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا تەرجىمىسى: ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن). [سۈرە لوقمان 15–ئايەت].

ھ–ئەمما ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان قەرزلىرى بولسا (بەندىنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ) ئادا قىلىش، يەنى ئۇلار ئۈچۈن ھەج–ئۆمرە قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرنى قىلىش ئاتا–ئانىغا قىلغان ئېھساندۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جۇھەينە قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايال پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئانام ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ھەج قىلالماي ئۆلۈپ كەتتى، ئانام ئۈچۈن ھەج قىلسام بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئويلاپ باق، ئەگەر ئاناڭنىڭ قەرزى بولسا سەن ئادا قىلىسەنغۇ؟ ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغىن، ئاللاھ ۋاپا قىلىشقا بەك ھەقلىقتۇر، دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 1754–ھەدىس].

خ–شۇنىڭدەك ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئانىسى تەرەپتىن يېقىن بولغان ئۇرۇغ–تۇغقانلارغا سىلە–رەھىم قىلىش، ئۇلارنى ئېھتىرام قىلىش، دوستلىرىنى يوقلاش قاتارلىق ئىشلار ئانىغا ۋاپاتىدىن كېيىن ئېھسان قىلغانلىقتۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقنىڭ ياخشىسى بىر كىشىنىڭ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ دوستلىرىنى يوقلاشتۇر. [مۇسلىم رىۋايىتى 2552–ھەدىس].

ئىككىنچى: سىزنىڭ ئانىڭىزنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭىز:

ئا–سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدا سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى ئىدارە قىلىدۇ، ئېمىتىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، بۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە مەلۇم ئىش بولۇپ، ئىنسان يارىتىلغاندىن باشلاپ داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَن يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ تەرجىمىسى: ئانىلار(بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە)تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. [سۈرە بەقەرە 233–ئايەت].

ب–سىزنى ياخشى تەربىيىلىشى كېرەك، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا سىز توغرىلىق ئانىڭىز سوئال قىلىنىدۇ، چۈنكى سىز ئۇنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا، ئۇ سىزنى تەربىيىلىگۈچىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئىمام ئۆز دائىرىسىدىكىلەردىن مەسئۇل بولىدۇ، ئەر ئۆز ئائىلىسىگە مەسئۇل بولىدۇ، شۇنىڭدىن سوئال قىلىنىدۇ، ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە

باللىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، شۇنىڭدىن سوئال قىلىنىدۇ، خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ ماللىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، شۇنىڭدىن سوئال قىلىنىدۇ. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئەر كىشى  دادىسىنىڭ مىلىغا مەسئۇل بولىدۇ، شۇنىڭدىن سوئال قىلىنىدۇ، ھەر بىرىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە سوئال قىلىنىسىلەر، دېدى.» [بۇخارى رىۋايىتى 853–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1829–ھەدىس].

ئۈچىنچى: دۇرۇس بولغان ئىشلاردىن سىزنىڭ ئىشلىرىڭىشغا ئانىڭىز ئارىلاشماستىن مۇستەقىل قىلىدىغان ئىشلىرىڭىز: يېمەكـئىچمەك، كىيىمـكېچەك ۋە باشقا قاتناش ۋاستىلىرى قاتارلىق دۇرۇس بولغان ئىشلارنى ياخشى كۆرۈپ ئىختىيارى قىلىشتا ئانىڭىزنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋېلىش ھەققى بولمايدۇ.

ئەمما سىزنىڭ ئۆيگە كىرىش، چىقىش ياكى بەزى دوستلىرىڭىز بىلەن كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشىڭىز توغرىسىدىكى ئىشلىرىڭىزغا ئارىلىشىۋېلىشى بولسا، ئاتاـئانىلارغا پەرزەنتلەرنى كۆزىتىش، ناچار دوستلار بىلەن ئارىلىشىپ زايە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىڭىزنى كۆزىتىپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر، چۈنكى ناچار دوستلارغا ھەمراھ بولۇش، ياشلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئەڭ كۆپ سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىندۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىنسان ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىم بىلەن ئارىلاشقانلىقىغا قارىسۇن. [تىرمىزى رىۋايىتى 2387–ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 4833–ھەدىس. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ھەسەن دېگەن. نەۋەۋىي سەھىھ دەپ "تۆھپەتۇل ئەھۋەزىي"ناملىق ئەسەر 7–توم 42–بەتتە بايان قىلغان].

شۇنىڭدەك ئاتاـئانىلار باللىرىنى ئۆيگە قايتقاندا نەگە باردۇ، نېمە ئىش قىلدۇ؟ كۆزىتىپ تۇرۇشى كېرەك، چۈنكى ئاتاـ ئانا ئۈچۈن ياخشى دوستى بولمىغان پەرزەنتنى ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىش توغرا بولمايدۇ.

سىز ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىگە كۆڭۈل بۆلۈڭ، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىڭ، ئاللاھ دۇرۇس قىلغان ئىشتا سىزنى بىرئاز سىقسىمۇ ئۇلارغا چىرايلىقچە ھەمراھ بولۇڭ، ھەقىقەتەن بىز ئاتاـئانىغا ياخشىلىق قىلىشتا ھەتتا ئۇلار كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇلدۇق، ئۇنداق بولغان ئىكەن سىزنىڭ ئاتاـئانىڭىز ئەلۋەتتە سىزگە ياخشىلىق تىلەيدۇ، بەزى دۇرۇس ئىشلاردا سىزنى سىققاندەك قىلسىمۇ ياخشىسى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىڭ، گەرچە سىزگە زۆرۈر بولمىسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭۈل خاھىشىڭىزنى ئۇلارنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن پىدا قىلىڭ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى بۇيرۇغاندىن كېيىنلا ئاتاـئانىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىدى. بۇنى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا زىكىر قىلىش ئارقىلىق ئاتاـئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەرتىۋىسىنى بايان قىلىپ بەردى.

تۆتىنچى: دادا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ھەرقانداق ئىشتا قارار قىلىش ھەققى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆزى خىراجەت قىلىپ بېرىدىغان بالىسىنى قايسى مەكتەپتە ئوقۇتۇش دېگەندەك ئۆزىگە ئالاقىدار ئىشلارنى تەسەررۇپ قىلىشتا قارار قىلىش ھەققى بولىدۇ. سىزنىڭ ئۆينىڭ ماشىنىسىنى ئىشلىتىش، پۇلنى ئېلىش دېگەندەك ئىشلاردا دادىڭىز قارار قىلىدۇ.

ئەمما مۇستەقىل ياشايدىغان چوڭ پەرزەنت بولسا، ئاللاھ دۇرۇس قىلغان ۋە يولغا قويغان ئىشلاردا ئۆزى ئۆچۈن خالىغاننى قارار قىلسا بولىدۇ، ئۇ ئىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا زىت كەلمىسە ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، پەرزەنت ھەرقانچە چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك، بۇمۇ ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە چىرايلىق ياشاشتۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەردە: ئاتام ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقمايتتىم، دېيىلگەن.

شۇنىڭدەك دادا بالىسىنى ياخشى ئىشقا بۇيرىسا ياكى دۇرۇس ئىشنى تەرك قىلىشقا بۇيرىسا، بالىغا زىيان يەتمەيدىغان ئەھۋالدا دادىسىغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

بەشىنچى: ئەمما ئانىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ بەكرەك ئەركىنلىك ئىستەيدىغانلىقىڭىزنى سۆزىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق بىلدۈرسىڭىز بولىدۇ.

ئا-ھەرىكەت بىلەن بىلدۈرۈش: سىز ئانىڭىز بۇيرىغان ئىشنى تولۇق ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ كىچىك بالا ئەمەس، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالايدىغان دەرىجىدە چوڭ بولغانلىقىڭىزنى ۋە ئەرلەردەك تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىشىڭىز كېرەك، ئانىڭىز سىزدىن بۇ ئىشنى  تەكرار كۆرگەندىن كېيىن سىزگە ئىشەنچ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئانىڭىزنىڭ نەزىرىدە سىز ئىشلىرىڭىزنى نورمال ئىدارە قىلالايدىغان ئىشەنچگە ئېرىشىسىز.

ب-سۆز بىلەن بىلدۈرۈش: روشەن دەلىل، تېنچ مۇنازىرە، يۇمشاق سۆز، توغرا پوزىتسىيە ئارقىلىق مىساللارنى بايان قىلىش بىلەن بولىدۇ، سىز شۇنداق قىلغان ۋاقتىڭىزدا چوقۇم ئاللاھ ئانىڭىز سىزگە يېتىشكەن ئەرلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك  مۇئامىلە قىلىشىڭىز ئۈچۈن دىلىنى ئېچىۋېتىدۇ.

ئاللاھ تائالادىن بىز ۋە سىزنى، ئاتا-ئانىڭىزنى توغرا يولغا باشلىشىنى سورايمىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى بولسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.